# هاجىلاردىن چاچنى ئالدۇرۇش ۋە قىسقارتىش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار

## أخطاء تقع في الحلق والتقصير

< الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur >


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين

فضيلة الشيخ محمد بن صالح العثيمين



**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

36847 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھەجدە چاچ ئالدۇرۇش ۋە قىسقارتىش جەريانىدا ھاجىلاردىن يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

چاچنى ئالدۇرۇش ۋە قىسقارتىش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان بەزى خاتالىقلار:

بىرىنچى: بەزى ھاجىلار چېچىنىڭ بەزىسىنى ئۈستىرىدە تولۇق ئالدۇرۇپ بەزى يەرلىرىنى قويۇپ قويىدۇ، بۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بىر كىشىنىڭ ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ كىشى چېچىنىڭ يېرىمىنى تولۇق ئالدۇرۇپتۇ، يېرىمىنى قويۇپ قويۇپتۇ، مەن ئۇ كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ: نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىڭىز؟ دېسەم، ئۇ كىشى: مەن ئىككى قېتىم ئۆمرە قىلماقچى ئىدىم، چېچىمنىڭ يېرىمىنى بىرىنچى قېتىملىق ئۆمرىدە ئالدۇردۇم، يېرىمىنى بۇ قېتىملىق ئۆمرىگە قويۇپ قويىدۇم دەيدۇ. بۇ ھېچبىر ئىلىم ئىگىلىرى دەپ باقمىغان بىلىمسىزلىك ۋە ئازغۇنلۇقتۇر.

ئىككىنچى: بەزى ھاجىلار ئۆمرە قىلىپ ئېھرامدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا چېچىنىڭ بىر تەرىپىدىن بىرقانچە تالنى قىسقارتىپلا ئېھرامدىن چىقىدىكەن، بۇنداق قىلىش ئايەتنىڭ يۈزەكى مەناسىغىمۇ زىت كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ﴾ تەرجىمىسى: «باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىسقارتقان ھالدا.» [سۈرە پەتھى 27-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چاچنى قىسقارتىش باشنىڭ ھەممە يېرىدىن بولىشى كېرەك، بىر-ئىككى تال چاچنى قىسقارتقاننىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ، ئۆمرە قىلغۇچى ئۈچۈنمۇ چېچىنى قىسقارتقانلىقى ئوچۇق بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايەتنىڭ سىرتقى ماناسىغا زىت بولىدۇ. بۇ خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن چېچىنى ئالدۇرىدىغان ۋاقىتتا ھەممىنى

ئالدۇرۇش، قىسقارتىدىغان ۋاقىتتا ھەممە يېرىنى قىسقارتىش، بىر-ئىككى تال چاچنى قىسقارتىش بىلەن چەكلەنمەسلىك كېرەك.

ئۈچىنچى: بەزى كىشىلەر سەئيى قىلىپ بىكار بولغاندا، چېچىنى ئالدۇرىدىغان ياكى قىسقارتىدىغان ئادەم تاپالمىسا، ئۆيىگە بېرىپ ئېھرامدىن چىقىپ، كېيىمىنى كېيىپ، ئاندىن چېچىنى ئالدۇرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ. بۇ زور خاتالىق، چۈنكى چېچىنى ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش بىلەن ئۆمرە پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەج قىلغان يىلى ساھابىلاردىن ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەنلەرنى ئېھرامىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «چاچنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىڭلار.» [بۇخارى رىۋايىتى 1691-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1229-ھەدىس.

يۇقىرىقى ھەدىس بولسا، ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ چاچنى قىسقارتقاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقسا دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن، سەئيى قىلىپ بولغان كىشى چاچنى ئالدۇرىدىغان ياكى قىسقارتىپ قويىدىغان ئادەم تاپالمىسا، چېچىنى تولۇق ئالدۇرۇپ ياكى قىسقارتىپ بولغىچە ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېھرامدىن چىقىپ كېتىش توغرا بولمايدۇ. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن، بىر كىشى بىلمەستىن دۇرۇس بولىدۇ دەپ چېچىنى ئالدۇرماي ياكى قىسقارتماي، ئېھرامدىن چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ كىشىنىڭ بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن بىلگەن ۋاقىتتا دەرھال كىيىمىنى يېشىپ ئېھرام كىيىمىنى كىيىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئېھرامدىن تولۇق چىقىپ بولمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، گەدەنكەشلىك قىلىپ تۇرىۋېلىش توغرا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چېچىنى ئالدۇرۇپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن تولۇق چىقىدۇ. [شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ "ھەج-ئۆمرە قىلغۇچىلاردىن يۈز بېرىدىغان خاتالىقلارنى تۈزۈتۈش" ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.